# 11443 - بارلىق ھەدىيسلەر ئىشەنچلىكمۇ ؟

## سوئال

بارلىق ھەدىيسلەر ئىشەنچلىكمۇ ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .
پەيغەمبەرگە(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ئارىسىدا ، بىر قىسمى توغرا(سەھىيھ)دۇر ، بۇلارنىڭ پەيغەمبەرنىڭ(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) سۆزلىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق . يەنە بىر قىسمى بولۇپ بۇلار ئاجىز(زەئىف) دۇر ، بۇلارنىڭ پەيغەمبەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە شەكلىنىشكە بولىدۇ . توغرا ۋە ئاجىز ھەدىسلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئالىملارغا ناھايىتى تونۇشتۇر . توغرا ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توغرا ھەدىس كىتاپلىرى تۈزۈلدى ، مەسلەن ، سەھىيھۇل بۇخارىي، سەھىيھۇل مۇسلىمغا ئوخشاش . يەنە توغرا ھەدىسلەر ۋە باشقا ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاپلار بار ، قالغان ھەدىيس كىتاپلىرىغا ئوخشاش .
ئالىملار توغرا ھەدىيسلەرنى باشقىلىرىدىن ئايرىشقا كۆپ كۈچ سەرىپ قىلدى ، بۇ ،ھەدىيس ئىلمىنى مەخسۇس ئۆگىنىۋاتقان ياش ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم .
پېشىۋا ئابدۇلكەرىيم خۇزەير